# ھاياتى ئارقىلىق جاراڭلىق قەسىمنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش

(بېشى 1 - بەتتە)

«ئىدارە باشلىقى غەيرەت ئۆزىنىڭ ئەسلى مەقسىتى ۋە بۇرچىنى ئېلىپ بىزدىن ئايرىلدى، ئۇ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق بىر خەلق ساقچىسىنىڭ پارتىيەگە سادىق بولۇش، خەلققە سادىق بولۇشتەك جاراڭلىق قەسىمنى ئىزاھلىدى.» غەيرەتتىن كېيىن كۆكتېرەك يېزىلىق ساقچىخانىنىڭ ساقچىخانا باشلىقى بولغان مۇتەللىپ مەمەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، غەيرەت ئۇنىڭ بىلەن ھايات - ماماتتا ئون نەچچە يىل بىللە بولغان قېرىندىشى بولۇپلا قالماي، يەنە ئۇنىڭ خەلق ساقچىسى بولۇش يولىدىكى «يول باشلىغۇچىسى» ئىدى.

غەيرەت قۇربان بولغاندىن كېيىن، «مەملىكەت بويىچە جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسىدىكى 1 - دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى» نامى تولۇقلاپ بېرىلگەن، ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تەستىقلانغان. 2016 - يىلى 12 - ئايدا، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ 2016 - يىللىق قانۇنچىللىق شەخسلىرىگە مۇكاپات تارقىتىش مۇراسىمىدا «يىللىق ھۆرمەتكە سازاۋەر قەھرىمان» بولۇپ سايلانغان.

### ■ مەسئۇلىيەتنى باتۇرلۇق بىلەن زىممىگە ئېلىش: خەتەرلىك پەيتتە ئالدىدا ھۇجۇمغا ئۆتۈش

1989 - يىلى شىنجاڭ خەلق ساقچىلىرى مەكتىپى (ھازىرقى شىنجاڭ ساقچى شۆيۈەنى)نى پۈتكۈزگەن غەيرەت يۇرتىغا قايتىپ خەلق ساقچىسى بولغان. ساقچى بولغاندىن بۇيان، غەيرەت ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 13 قېتىم مۇنەۋۋەر مەمۇر، ئىلغار شەخس، مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى بولۇپ باھالانغان، شەرەپ بىلەن بىر قېتىم 2 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن، بەش قېتىم 3 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن ھەم شەرەپ بىلەن «پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە خەلق رازى بولغان ساقچىخانا باشلىقى» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشكەن.

نۇرغۇن جەڭ تۆھپىسىنىڭ ئارقىسىدىكىسى بىرمۇبىر «يەڭگەن» ئەڭ قاتتىق قىيىنچىلىق، بىرمۇبىر «جان تىكىپ ئېلىشىش» ئارقىلىق ئېرىشكەن جاۋاب.

ۋاقىتنى 2016 - يىلى ياز كۈنىدىكى ئاشۇ چۈشتىن كېيىنگە قايتۇرايلى.

شۇ چاغدا گۇما ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقلىقىنى ئۆتەۋاتقان غەيرەت گۇما ناھىيەسىدىكى مەلۇم جايدا خەتەرلىك ۋەقە يۈزبېرىشى مۇمكىن، دېگەن خەۋەرگە ئېرىشىپ، دەرھال ساقچى كۈچلىرىنى تەشكىللەپ يولغا چىقتى. بۇ قېتىم ئۇنىڭ ئىلگىرىكىدەك زەپەر قۇچۇپ قايتىپ كېلەلمەيدىغانلىقىنى ھېچكىممۇ ئويلىمىغانىدى.

ساقچىخانىدىن گۇما ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىگىچە، ھەر قېتىم خەتەر كۆرۈلگەنىدە، بىرىنچى بولۇپ نەق مەيدان مەركىزىگە كىرىدىغىنى، يوشۇرۇن خەۋپكە ئەڭ يېقىنلىشىدىغىنى ھەممىشە غەيرەت ئىدى. «مېنىڭ تەجرىبەم مول»، «سىزنىڭ بالىڭىز تېخى كىچىك»، «بىز ئاتا - ئانىڭىزغا جاۋاب بېرەلمەيمىز»... غەيرەت ھەممىشە سەپداشلىرى، خىزمەتداشلىرىنى ئويلايتتى، لېكىن ئۆزىنىڭ ئۆيىدە ئاتا مېھرىگە، كۆيۈنۈشكە موھتاج ئۈچ قىزىنىڭ بارلىقىنى دائىم ئۇنتۇپ قالاتتى.

«مېنىڭ تەسىراتىمدا، دادام كىشىلەرگە مۇلايىم، خىزمەتتە ئەستايىدىل، باتۇر، قەيسەر ئىدى، ئۇ بىر قەھرىمان، بىر ئۇلۇغ دادا.» دادىسىنىڭ ئىزىنى بېسىپ، چوڭ قىزى گۈلمىرە غەيرەتمۇ خەلق ساقچىسى بولدى، ئۇ پەخىرلەنگەن ھالدا مۇنداق دېدى: «گەرچە دادام بىزدىن ئايرىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ روھى يەنىلا مەۋجۇت، ئۇنىڭ سەممىي تەلىمى مېنى ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئىزچىل ئىلھاملاندۇرۇپ تۇرىدۇ، مەنمۇ دادامغا ئوخشاش مۇنەۋۋەر خەلق ساقچىسى بولۇپ، دادامنىڭ ئورۇنداپ بولالمىغان ئارزۇسىنى ئورۇندايمەن».

### ■ قەسىمى جاراڭلىق: كېيىنكىلەرنى داۋاملىق ئىلگىرىلەشكە رىغبەتلەندۈرۈش

غەيرەتنىڭ قەلبىگە باشتىن - ئاخىر بىر قەسىم، ھەر قانداق قىيىنچىلىق، ھەر قانداق كىشەلمۇ توسىيالمايدىغان بىر ۋەدە پۈكۈلگەن — خەلق ساقچىسىنىڭ ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىنى سادىقلىق بىلەن ئادا قىلىش، پۈتۈن كۈچىنى بېغىشلاپ، ھەققانىيەت يولىدىن قايتماسلىق. جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە قاتناشقاندىن كېيىن، سىياسىي مەيدانى مۇستەھكەم، خاراكتېر جەھەتتە باتۇر، قەيسەر، خىزمەتتە ئەستايىدىل، مەسئۇلىيەتچان غەيرەت ناھايىتى تېزلا «ئۈچ خىل كۈچ»كە قارشى كۈرەشكە ئاتلانغان.

2013 - يىلى، مۇتەللىپ مەمەت ئەمدىلا ساقچىخانىغا كېلىپ خىزمەت قىلغانىدا، غەيرەت ئۈچ ئايغىچە ئۇنىڭغا خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىغان، بۇ مۇتەللىپنى ناھايىتى تىت - تىت قىلغان. شۇنىڭ بىلەن، مۇتەللىپ تەشەببۇسكارلىق بىلەن پېشقەدەم خەلق ساقچىلىرى بىلەن بىرلىكتە دېلو بېجىرىشنى تەلەپ قىلىپ، نۇرغۇن كەسپىي بىلىملەرنى ئۆگىنىۋالغان. ئۈچ ئايدىن كېيىنكى بىر كۈنى، غەيرەت مۇتەللىپ بىلەن سىرداشقان ھەم ئۇنىڭغا ئىلگىرى ئۇنى ئىزچىل كۆزەتكەنلىكىنى، ئۇنىڭدا ئالغا ئىنتىلىشچانلىق، كەسپچانلىقنىڭ بار - يوقلۇقىغا قارىغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقى ۋە خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى كۆزەتكەنلىكىنى ئېيتقان.

«ئۇ قانداقلا خىزمەت بولسا ھەممىسىنى باشلامچىلىق بىلەن ئىشلەيتتى، دېلولارنى ئادىل، ھەققانىي بىر تەرەپ قىلاتتى. چۈشىنەلمىگەنلىرىم بولسىلا ئۇ سەۋرچانلىق بىلەن ماڭا چۈشەندۈرۈپ قوياتتى.» مۇتەللىپ ئەسلەپ مۇنداق دېدى: «بۇنداق ساقچىخانا رەھبىرى، پېشقەدەم ئاكىمىزنى كۆپچىلىك قانداقمۇ چىن قەلبىدىن ھۆرمەتلىمەي تۇرالسۇن؟»

«ئىدارە باشلىقى غەيرەت دەل مۇشۇنداق، خەتەرلىك پەيتتە ھەممىشە بىرىنچى بولۇپ ئاتلىناتتى.» مۇتەللىپ مۇنداق دېدى: «گەرچە ئۇ قۇربان بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ سىيماسى مەڭگۈ بىزنىڭ ئېسىمىزدە، ئۇنىڭ روھى مەڭگۈ بىزنى داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئىلھاملاندۇرۇپ تۇرىدۇ».

### ■ خەلقنى سۆيۈش مۇھەببىتى چوڭقۇر: دائىم ئاممىنى باش ئورۇنغا قويۇش

غەيرەتنىڭ قۇربان بولغانلىق خەۋىرى مىليونلىغان كىشىلەرنىڭ يۈرىكىنى تىترەتتى، ئۇ ھايات چېغىدا خىزمەت قىلغان كۆكتېرەك يېزىسى ۋە ناھىيە بازىرىدىكى نۇرغۇن ئاممىلار ئۆزلۈكىدىن كېلىپ ئۇنىڭ دەپنە مۇراسىمىغا قاتناشتى.

دەپنە مۇراسىمىدا، كۆكتېرەك يېزىسى قۇمئېرىق كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى توختىمەمەت ھېيت ۋە ئوغلى مەمەت توختىمەمەت بالدۇرلا نەق مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، ئۇلار كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئېلىپ قاتتىق قايغۇردى، «ئىدارە باشلىقى غەيرەت ئائىلىمىزگە ياخشىلىق قىلغان، ئۇمۇ بالامدەكلا ئىدى، مەن بۈگۈن ئۇنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئۇزىتىپ قويۇش ئۈچۈن كەلدىم» دېدى توختىمەمەت.

2015 - يىلى 7 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، گۇما ناھىيەسىدە يەر تەۋرەپ، كۆكتېرەك يېزىسىدىكى نۇرغۇن ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشكەن، توختىمەمەت ئائىلىسىدىكى تۆت ئادەمنىڭ ھەممىسى ئۆيگە قاپسىلىپ قالغان، ئەھۋال ئىنتايىن خەتەرلىك ئىدى. غەيرەت نەق مەيدانغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، دەرھال قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىشكە تەشكىللەپ، ئۆزى ئاتلىنىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىنى قۇتقۇزغان. يەر تەۋرىگەن شۇ كۈنى، غەيرەت خەلق ساقچىلىرىنى باشلاپ خارابىلىك ئىچىدىن 20 نەچچە ئاممىنى قۇتقۇزۇپ چىقىپ، 5000 ئادەم قېتىمدىن ئارتۇق ئاممىنى تارقاقلاشتۇرغان، ئاممىنىڭ قىممىتى 100 نەچچە مىڭ يۈەنلىك مال - مۈلكىنى قۇتقۇزغان.

«ئەمەلىيەتتە، غەيرەتنىڭ ئائىلىسىمۇ ئاپەتكە ئۇچرىغانىدى، لېكىن ئۇ ئۆيىگە بېرىپ كۆرۈپ كېلىشكىمۇ ئۈلگۈرەلمىدى.» توختىمەمەت ئەسلەپ مۇنداق دېدى: «خەتەرلىك پەيتتە، ئۇ ھەممىشە خىزمەت ۋە ئاممىنى باش ئورۇنغا قوياتتى».

مەمەت ئاۋۇت بوۋايغا ياردەملىشىپ يېڭى توك سائىتى ئالماشتۇرۇپ بېرىش، يۇ جيۈلنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ داۋالىتىش....غەيرەت ئۆز خىزمىتىنى قىزغىن سۆيەتتى، شۇنداقلا بۇ يەرنىڭ سۇ - تۇپرىقىنى ۋە بۇ يەردە ياشاۋاتقان ئاممىنى چوڭقۇر سۆيەتتى، ئاممىنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن باھاسى ھەيران قالارلىق دەرىجىدە بىردەك ئىدى: ياخشى ئادەم، ياخشى ساقچى.

غەيرەت خىزمەتتە ئىزچىل «دۈشمەنگە قاتتىق زەربە بېرىش كېرەك، خەلق ئاممىسىنى ھەقىقىي سۆيۈش كېرەك» دېگەن پرىنسىپنى ئەمەل قىلدى، دەل مۇشۇنداق بولغاچقا، ئۇ پەزىلىتى ۋە ئەمەلىي نەتىجىسى بىلەن خەلق ساقچىسىنىڭ ياخشى ئوبرازىنى تىكلەپ، ئەلرايىنى ئۇتۇپ، كىشىلەر قەلبىدە مەڭگۈ قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان بىر ئابىدە تىكلىدى.

# تۆھپىكار نەمۇنىچى شەخسلەرگە ھۆرمەت بىلدۈرەيلى!

(بېشى 1 - بەتتە)

پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتى، دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىرادىسىنى يەنىمۇ ئۇرغۇتىدۇ، خەلقئارادىكى دوستلارنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا قاتنىشىشىدىكى ئەقىل - پاراسىتى ۋە كۈچىنى يەنىمۇ مۇجەسسەملەيدۇ.

پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىش ئىستراتېگىيە يۈكسەكلىكىدىن چىقىش قىلىپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تۆھپە، شەرەپنى تەقدىرلەش خىزمىتىنى سىستېمىلىق لايىھەلەپ، ھەر تەرەپلىمە ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. ۋەتەنپەرۋەرلىك يادرو قىلىنغان مىللىي روھ ۋە ئىسلاھات، يېڭىلىق يارىتىش يادرو قىلىنغان دەۋر روھى ئارقىلىق «جەمئىيەتتە بۈيۈك ئەخلاق تىكلەش»نى ئەۋج ئالدۇرۇشتىن، جۇڭگوچە تۆھپە، شەرەپنى تەقدىرلەش تۈزۈمى ئورنىتىش ئارقىلىق «دۆلەتتە بۈيۈك ھەققانىيلىقنى ئەۋج ئالدۇرۇش»قىچە، يەنە تۆھپىكار نەمۇنىچى شەخسلەرنى تەقدىرلەش ئارقىلىق «جاھاندا بۈيۈك سەممىيەتنى كەڭ تارقىتىش»قىچە، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تۆھپە، شەرەپنى تەقدىرلەش خىزمىتىدە مەنىۋى جەھەتتىن يېتەكلىنىدىغان، تۈزۈم جەھەتتىن كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان، ئۈنۈملۈك يولغا قويۇلىدىغان مۇكەممەل سىستېما شەكىللەندۈرۈلدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىغا 70 يىل بولغان پەيتتە، دۆلەت ئوردېنى ۋە دۆلەت شەرەپ نامىنى مەركەزلىك باھالاپ بېرىشنى تۇنجى قېتىم قانات يايدۇرۇش ئىجادىيلىق، بۆسۈش خاراكتېرلىك، ئۈلگە كۆرسىتىشچانلىقنى گەۋدىلەندۈردى، بۇ، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى يېتىلدۈرۈش ۋە ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچى ۋە چاقىرىق كۈچىنى كۈچەيتىشتە مۇھىم، زور ۋە چوڭقۇر، ئۇزاق ئەھمىيەتكە ئىگە.

خەلق تارىخنى يارىتىدۇ، تارىخ قەھرىمانلارنى يارىتىدۇ. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيان، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلق پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئىنقىلاب، قۇرۇلۇش، ئىسلاھات ئىشلىرىغا قىزغىنلىق بىلەن ئاتلىنىپ، ئۇلۇغ ۋەتەن ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلىدى، بەختلىك تۇرمۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلدى، بۇ جەرياندا تىللاردا داستان بولغۇدەك سانسىزلىغان مەشھۇر شەخسلەر مەيدانغا كېلىپ، يەر - جاھاننى زىلزىلىگە سالىدىغان، تاغنى تالقان، چۆلنى بوستان قىلىشنىڭ كۈرەش قەسىدىلىرى پۈتۈلدى. تۈمەن چاقىرىملىق مۇساپىدە، قەھرىمانلارنى كۈيلەش ئەزەلدىن كىشىنى ئەڭ تەسىرلەندۈرىدىغان كۈي بولۇپ كەلگەن. بىر بولسا ساداقەتمەنلىك بىلەن دۆلەت مۇداپىئە ئىشلىرىغا ئۆزىنى بېغىشلاش، بىر بولسا جان - دىل بىلەن خەلق تۇرمۇشى بەخت - سائادىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، بىر بولسا پۈتۈن كۈچى بىلەن پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشقا تۈرتكە بولۇش... «جۇمھۇرىيەت ئوردېنى» ۋە دۆلەت شەرەپ نامىغا ئېرىشكەن تۆھپىكار نەمۇنىچى شەخسلەر يېڭى جۇڭگودىكى قەھرىمان نەمۇنىچىلار توپىنىڭ تىپىك ۋەكىلى، خەلقنىڭ شان - شەرىپى، دۆلەتنىڭ بايلىقى. ئۇلارنىڭ تارىخىي تۆھپىسىنى ئەستە چىڭ ساقلاش، ئۇلارنىڭ قەھرىمانلىق خىسلىتىنى ھۆرمەتلەش، ئۇلۇغلاش قەھرىمانلارغا كۆڭۈل بۆلىدىغان، قەھرىمانلارنى قەدىرلەيدىغان، قەھرىمانلارنى ھۆرمەتلەيدىغان، ئۇلۇغلايدىغان دۆلەت پوزىتسىيەسىنى نامايان قىلدى.

دۆلەت ئوردېنى ۋە دۆلەت شەرەپ نامى دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي شەرىپى، چەكسىز شان - شەرەپ، شۇنداقلا مىليونلىغان خەلقنى جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشكە رىغبەتلەندۈرىدىغان غايەت زور كۈچ. تۆھپىكار نەمۇنىچى شەخسلەر دۆلەتنىڭ تۈۋرۈكى، مىللەتنىڭ ئاۋانگارتى، جەمئىيەتنىڭ ئۈلگىسى، كەسپلەردىكى داڭدارلار بولۇپلا قالماي، يەنە بىزنىڭ يېنىمىزدىكى ئەڭ سۆيۈملۈك، ئەڭ ھۆرمەتلەشكە ئەرزىيدىغان، ئەڭ يېقىملىق، ئەڭ تەسىرلەندۈرىدىغان ئۈلگىلەرنىڭ تىپى. دۆلەتكە ئۆزىنى بېغىشلايدىغان ئالىيجاناب خىسلەت، ئۆزىنى بېغىشلاپ قۇربان بېرىدىغان ئالىيجاناب ھېسسىيات، ئۈن - تىنسىز كۈرەش قىلىدىغان پەزىلەت، ئىرادىسىدىن يانماي يېڭىلىق يارىتىدىغان كەسپىنى قەدىرلەيدىغان پوزىتسىيە، كۈرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلىدىغان ئىنقىلابىي روھ ... تۆھپىكار نەمۇنىچى شەخسلەرنىڭ جىسمىدا، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشى جانلىق نامايان بولماقتا. دۆلەت ئوردېنى ۋە دۆلەت شەرەپ نامىنى بېرىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئېتىقاد يەلكىنىنى چىقىرىش، نەمۇنىلىك ئۈلگە تىكلەش پۈتۈن جەمئىيەتتە ئەخلاقلىق كىشىلەردىن ئۆگىنىدىغان، ئەخلاق - پەزىلەتكە، ياخشىلىققا ئىنتىلىدىغان، تىرىشىپ ئاۋانگارتلاردىن بولىدىغان ياخشى كەيپىياتنى شەكىللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشقا، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مەنىۋى ماكانىنى ئۈزلۈكسىز يېتىلدۈرۈشكە پايدىلىق.

ئۇلۇغ دەۋر ئۇلۇغ روھنى چاقىرىدۇ، ئالىيجاناب ئىشلار ئۈلگىنىڭ يېتەكلىشىگە موھتاج. يېڭى دەۋر، يېڭى مۇساپىدە، تۆھپىكار نەمۇنىچى شەخسلەرنىڭ ئۇلۇغ تۆھپىسى پۈتۈن پارتىيەنى ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاشقا رىغبەتلەندۈرىدىغان مەنىۋى مەشئەل، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى يول ئېچىپ ئىلگىرىلەشكە، تۆھپە قوشۇپ ئۇلۇغ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا يېتەكلەيدىغان ئۈلگىلىك كۈچ. تۆھپىكار نەمۇنىچى شەخسلەرنى ئۈلگە قىلىپ، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى ئۇلغايتىپ، ئومۇمىي كەيپىياتقا ئايلاندۇرساق، يېڭى كەيپىيات، يېڭى نەتىجىلەرنى ئۈزلۈكسىز نامايان قىلساق، بىز چوقۇم سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان كۈچلۈك دۆلەت قۇرۇشنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىنى توپلىيالايمىز؛ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىمۇ جەزمەن مىليونلىغان ئارزۇغا ئىنتىلگۈچىلەرنىڭ قەھرىمانلارچە كۈرەش قىلىشى بىلەن تېخىمۇ قالتىس بولغۇسى.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

# ئاپتونوم رايونىمىز يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كارخانىلارنى يېتىشتۈرۈش سالمىقىنى سىجىل زورايتتى

(بېشى 1 - بەتتە)

2008 - يىلى يېڭىلىق يارىتىش ئۇسۇلى بويىچە كارخانىلارنى تەربىيەلەشنى ئومۇملاشتۇرۇش بىلەن نۇقتىدا سىناق قىلىشنى قوللىنىش خىزمىتى باشلانغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز يېڭىلىق يارىتىش ئىنژېنېرى، يېڭىلىق يارىتىش بويىچە تەربىيەلەش ئۇستىسى قاتارلىقلاردىن 1000 ئادەم قېتىمغا يېقىن تەربىيەلەپ، كارخانىلارنىڭ تېخنىكا جەھەتتىكى 500 نەچچە تۈرلۈك قىيىن مەسىلىنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرىپ، كارخانىلارنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشى ھەم يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كارخانىلارنى يېتىشتۈرۈشى ئۈچۈن گەۋدىلىك تۆھپە قوشتى، شۇنداقلا كارخانىلارنىڭ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولدى.

يېڭىلىق يارىتىش ئۇسۇلى بويىچە تەربىيەلەش ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كارخانىلارنى تەربىيەلەپ، تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنىڭ ئىنچىكە كۆرۈنۈشى، خالاس. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا نازارىتى تۈرلۈك ئېتىبار سىياسەت ۋە تەدبىرلەر ئارقىلىق يېتەكلەشنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كارخانىلارنى يېتىشتۈرۈش سالمىقىنى سىجىل زورايتتى.

2018 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا نازارىتى «كارخانىلارنىڭ تەتقىق قىلىپ ئېچىش خىراجىتىنى قوشۇپ ھېسابلاپ تۇتۇپ قېلىش بويىچە ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان باشقۇرۇش سىستېمىسىنى ئېچىش»تىن ئىبارەت نۇقتىلىق تەتقىق قىلىپ ئېچىش پىلان تۈرىنى يولغا قويدى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تەتقىق قىلىپ ئېچىش خىراجىتىنى قوشۇپ ھېسابلاپ تۇتۇپ قېلىش بويىچە باج ئېلىش ئېتىبار سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولغان كارخانىلار 1112گە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 51.49% ئاشتى، قوشۇپ ھېسابلاپ تۇتۇپ قېلىنغان سوممىسى 3 مىليارد 200 مىليون يۈەنگە يېقىن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 66.69% ئاشتى؛ يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كارخانىلاردىن باج ئېلىش ئېتىبار سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولغان كارخانا 142 بولۇپ، كارخانىلارنىڭ 540 مىليون يۈەندىن ئارتۇق تاپاۋەت بېجى سوممىسى كېمەيتىلدى، كەچۈرۈم قىلىندى.

يېڭىلىق يارىتىشتا ئۇسۇلغا ئەھمىيەت بەرگەندە، تەرەققىياتتا ھاياتىي كۈچ بولىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى كەسىپلەردە باشلامچى تىپتىكى بىر تۈركۈم يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كارخانىلار بارلىققا كەلدى. يېڭى ئېنېرگىيە ساھەسىدىكى جىنفېڭ پەن - تېخنىكىسى، شىنتې ئېنېرگىيەسى، يېشىللىق ئەلچىسى؛ يېڭى ماتېرىيال ساھەسىدىكى جۇڭتەي خىمىيەسى، لەنشەن تۈنخې، شىنجاڭ جۇڭخې؛ بىيو تېببىي دورا ساھەسىدىكى تيەنكاڭ بىيولوگىيەسى، ئۇيغۇر دورىگەرلىكى، يىندولەن؛ ئېنېرگىيە تېجەش، مۇھىت ئاسراش ساھەسىدىكى دېلەن سۇ تېخنىكىسى، دېئەن مۇھىت ئاسراش، شۆرى مۇھىت ئاسراش قاتارلىقلار. 2018 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 599 يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كارخانا ئىشقا ئاشۇرغان سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 126 مىليارد 664 مىليون يۈەن بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 18.04% ئاشتى.

«يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كارخانىلار يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى يېتىلدۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشتىكى ‹يېڭى موتور›غا ئايلاندى.» ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا نازارىتى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى چېڭ گۇڭ مۇنداق دېدى: كېيىنكى قەدەمدە ئاپتونوم رايون كارخانىلارنى تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش سىلىنمىسىنى ئاشۇرۇشقا داۋاملىق يېتەكلەپ، يېڭى ئېنېرگىيە، يېڭى ماتېرىيال، بىيو تېببىي دورا، ئېلېكترونلۇق ئۇچۇر قاتارلىق ئىستراتېگىيەلىك يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسىپلەرنى تېز يېتىشتۈرۈپ، تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىز ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى كۈچلۈك پەن - تېخنىكا تىرەككە ئىگە قىلىدۇ.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)